# 23388 ـ پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن ئۆسۈم تۆلەشنىڭ جازانە ھېسابلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

**سۇئال**

ئۆسۈم تۆلەشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، لېكىن پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۆسۈمنى تۆلەشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ مەسىلەن: مەن ئەللىك جۇنەي قەرز ئالدىم، بۇنى بەش يىلدىن كېيىن ئۆتەيمەن، ھازىر ئالغان ئەللىك جۈنەينىڭ قىممىتى بەش يىلدىن كېيىنكى ئەللىك جۈنەينىڭ قىممىتىگە ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بەش يىلدىن كېيىن قەرزنى تۆلىگەندە، بەش يىل ئىلگىرى قەرز ئالغان ۋاقىتتىكى ئەللىك جۈنەينىڭ قىممىتىنى بېرىمەنمۇ؟

مەن قەرزنى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئالىمەن، پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن بولغان پايدا ئۇ كىشىگە بولىدۇ، بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: سىز بىر كىشىدىن بەش يىلدىن كېيىن قايتۇرىدىغانغا ئەللىك جۇنەي قەرز ئالغان بولسىڭىز، گەرچە بەش يىلدىن كېيىن ئۇ پۇلنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ ۋە مۇشۇ پۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىش داۋام قىلىۋاتقان بولسا، ئالغان ئەللىك جۇنەينىڭ ئۆزىنى قايتۇرىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

12541–نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا، پۇلنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئەسلى قەرزگە زىيادە قىلىپ بېرىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، بۇنىڭ جازانە بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان، بۇ كۆپچىلىك پىقھى ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر.

ئىككىنچى: بىر كىشى دوللار قەرز ئېلىپ، بۇنى ئۆتەيدىغان ۋاقىتتا لىرا ئۆتەيدىغانلىققا كېلىشكەن بولسا بۇنداق قىلىش جازانە قىلغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ئەسلى: نەخ پۇلنى نىسىغا سېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ. بۇنداق قىلىش ھارام بولىدۇ، بۇ جازانىنىڭ چەكلەنگەن ئىككى تۈرىنىڭ بىرى بولغان"نىسى سېتىش جازانىسىدۇر".

لېكىن قەرز ئالغۇچى قەرز بەرگۈچى بىلەن قەرزنى ئۆتەيدىغان ۋاقىتتا باشقا تۈردىكى پۇلدىن ئۆتەشنى بىرلىككە كەلگەن بولسا بولىدۇ.

ئىلگىرىكى مىسالدا بايان قىلىنغاندەك، قەرزنى ئېلىپ بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن سىز ئەللىك جۇنەينى ئۆتەيدىغان ۋاقىتتا،

قەرز بەرگۈچى بىلەن كېلىشىپ جۈنەيىنىڭ ئورنىغا شۇ كۈندىكى باھا بويىچە دوللار ياكى رىيال بەرسىڭىز بولىدۇ، بۇنىڭ شەرتى: بۇ قەرزنى ئۆتەيدىغان كۈندىكى باھا بويىچە ئۆتەش كېرەك.

ئۈچىنچى: ئەمما قەرزنى ئېلىپ، پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن پايدىسىنى قېتىپ ئۆتەش بولسا، ئىلگىرى بايان قىلغاندەك، پۇل پاخاللىقىنىڭ بەدىلىگە قەرزنى زىيادە ئۆتەش هارام بولىدۇ، چۈنكى ئۇ جازانىدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن: سىزنىڭ بۇ شەكىلدە قەرز ئېلىشىڭىز توغرا بولمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام «جازانە قىلغۇچى، جازانە قىلىنغۇچى، توختام يازغۇچى ۋە گۇۋاھ بولغۇچىلارغا لەنەت قىلغان» مۇسلىم رىۋايىتى 1598-هەدىس.

هەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.